# شى جىنپىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

قىرغىزىستاندا، تاجىكىستاندا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، رەئىس شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋ ۋە زۇڭتۇڭ راخمان ئۆتكۈزىدىغان قارشى ئېلىش مۇراسىمى، سۆھبەتلىشىش، ئىمزا قويۇش مۇراسىمى، قارشى ئېلىش زىياپىتى قاتارلىق دۆلەت ئىشلىرى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن جۇڭگو - قىرغىزىستان، جۇڭگو - تاجىكىستاننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا يېڭى يىرىك پىلان تۈزۈپ، يېڭى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان، جۇڭگو - تاجىكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ سىياسىي ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان، جۇڭگو - تاجىكىستاننىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈچۈن يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشىنىشىنى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشىگە كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان، جۇڭگو - تاجىكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

جاڭ خەنخۇي مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغان 18 يىلدىن بۇيان، ئىتتىپاق ئۆتۈپ ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رايون ۋە خەلقئارا ئىشلارغا پائال قاتنىشىپ، رايون تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم ئىجابىي رولنى جارى قىلدۇردى. بۇلتۇر 6 - ئايدىكى چىڭداۋ باشلىقلار يىغىنىدىن بۇيان، ئەزا دۆلەتلەر يىغىن نەتىجىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىرەسمىي قارشى ئېلىش كەچلىك زىياپىتى، كوللېكتىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش، كىچىك، چوڭ دائىرىدە سۆھبەتلىشىش، ھۆججەت ئىمزالاش مۇراسىمى، قارشى ئېلىش زىياپىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى ھەمدە مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، ھازىرقى ۋەزىيەتتە قول تۇتۇشۇپ خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، خەۋپسىزلىك، مۇقىملىق ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېڭى تەپەككۇر يولى، يېڭى تەدبىرلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ «شاڭخەي روھى»نى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىتتىپاق ئۆتۈپ ئۆزئارا ئىشىنىشنى مۇستەھكەملەش، سىياسىي، خەۋپسىزلىك، ئىقتىساد، ئادىمىيەت، تاشقى ئالاقە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇس ۋە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. باشلىقلار يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ باشقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن «بىشكەك خىتابنامىسى»نى ئىمزالايدۇ ھەم ئېلان قىلىدۇ، يىغىننىڭ خەۋەر ئاخباراتىنى ئېلان قىلىدۇ، كۆپلىگەن ساھەلەرگە چېتىلىدىغان ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئىمزالايدۇ ياكى تەستىقلايدۇ. باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ يەنە يىغىنغا قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئىككى تەرەپلىك كۆرۈشۈش ئۆتكۈزىدۇ.

جاڭ خەنخۇي مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى تەسىس قىلىنغان 27 يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزئارا ئىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشتە پائال رول ئوينىدى. 2014 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە جۇڭگو تەرەپ ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ رەئىس دۆلەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شاڭخەي باشلىقلار يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلاشقان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئاسىيا خەۋپسىزلىك قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىغا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىردەك يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇلتۇر 9 - ئايدا، جۇڭگو تەرەپ رەئىس دۆلەتلىك مەسئۇلىيىتىنى تاجىكىستانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. يېڭى ۋەزىيەتتە، ئەزا دۆلەتلەر ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، رايوننىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېخىمۇ زور رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كوللېكتىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش، باشلىقلار يىغىنى ۋە قارشى ئېلىش زىياپىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنىڭ باش تېمىسى «ئورتاق نەزەر سېلىش: بىخەتەر ۋە تېخىمۇ گۈللەنگەن ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش رايونى ئۈچۈن». جۇڭگو تەرەپ رايون ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلاشقان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان خەۋپسىزلىك قارىشىنى داۋاملىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى ئىشىنىش تەدبىرلىرى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. باشلىقلار يىغىنىدا خىتابنامە ماقۇللىنىدۇ ھەم ئېلان قىلىنىدۇ.

جاڭ خەنخۇي مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشىدا، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستان ئىككى دۆلەتنى زىيارەت قىلىشى ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشى چوقۇم تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، بۇ، جەزمەن يېڭى ۋەزىيەتتە جۇڭگو - قىرغىزىستان، جۇڭگو - تاجىكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا يېڭى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتا تېخىمۇ زور رول ئوينايدۇ.

**ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئاچتى**

# باش تېما تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك

**ئۆز خەۋىرىمىز.** ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى يىغىن ئېچىپ، مەركەزنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى چىڭ ئىگىلەپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۆت ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، باشتىن - ئاخىر مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلاھاتتىن كېيىنكى يېڭى فۇنكسىيەلىك ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، دىققىتىنى «تۆتكە توغرىلىنىش» بويىچە قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە توغرىلىنىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىگە تەتبىقلاپ، مەسئۇلىيىتىگە تەتبىقلاپ، تەپتىش خىزمىتىگە تەتبىقلاپ، قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىپ، ماھىر بولۇپ، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، مەمۇرىي ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەرزىيەت ئىشلىرىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تەپتىش قىلىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ماس، تولۇق تەرەققىي قىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئومۇمىي تەلەپنى ئىگىلەپ، نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان سىياسىي ئورگىنى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئورۇن بەلگىلەش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپنى باشقۇرۇش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالايدىغان، تۆھپە قوشالايدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى كۆچەپ يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە نىشان - تەلىپىنى تولۇق تونۇپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئورگان ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پائال تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى ئەستايىدىل بېكىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆگىنىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى قايتا ئويلىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى بايقاپ، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى ئىزدەپ تېپىش؛ سىياسىي ئاڭ، ئومۇملۇق ئېڭى، يادرو ئېڭى، بىردەكلىك ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى دۆلەتنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىستېمىلىق پىلانلاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، نىشان - ۋەزىپىسى ۋە نۇقتىلىق تەدبىرلىرىنى ماددىمۇماددا ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، تولۇق توغرا ئىگىلەش كېرەك. «ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش»كە كۈچ سەرپ قىلىپ، باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەردە يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە يېڭى ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تۈزۈلمە - مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، 2020 - يىلغا بارغاندا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيەسىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېڭىلىق يارىتىشچان ئۆلكە، رايون قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى: باش تېما تەربىيەسىنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، جىددىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، مۇھىم، زور بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتەرنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۈنى تۈگىتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى، بىخەتەر تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

(مۇخبىرلىرىمىز **ياڭ شۇخەن، جاۋ شىيا، شىي خۇيبېن، مېھرىگۈل غوپۇر**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **خۇ يىڭخۇا** يازغان)

# ئاپتونوم رايون تۆمۈريول يۈك تىرانسپورتىدىكى ھەق ئېلىشنى قېلىپلاشتۇردى

**ئەشيا ئوبوروتىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئالغا سىلجىتىلدى**

مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئۇقۇشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۆمۈريول يۈك تىرانسپورتىدىكى پارچە خىراجەت ھەم تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەسى قاتارلىقلاردىكى ھەق ئېلىش ئەھۋاللىرىنى تەرتىپكە سېلىپ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەشيا ئوبوروتىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتقان.

ئىگىلىنىشىچە، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ تۆمۈريول تىرانسپورت مۇلازىمىتى قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باج نىسبىتى تۆۋەنلىتىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو تۆمۈريول باش شىركىتى D تىپلىق ئۆزۈن، چوڭ يۈك ۋاگوننى ئىشلىتىش مۇلازىمەت ھەققى ۋە ۋاگون يايقۇچنى ئىشلىتىش مۇلازىمەت ھەققى، مېخانىكىلىق سوغۇق ساقلاش ۋاگونىنىڭ توڭلىتىش ھەققى، يۈك چۈشۈرۈش ئاپتوموبىلىنىڭ مەشغۇلات مۇلازىمەت ھەققى، تازىلاش، بۇلغىما يوقىتىش ھەققى، تاموژنا تەكشۈرۈش رەسمىيەت ھەققى قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك پارچە خىراجەت تۈرىنى بىكار قىلىپ، يۈك تىرانسپورت پارچە خىراجىتىنى 33 تۈردىن 27 تۈرگە ئازايتقان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۆمۈريول تارماقلىرى تۆت تۈرلۈك پارچە خىراجەت ئۆلچىمىنى تۆۋەنلەتكەن بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: يۈك پويىزىنى مۇددەتتىن ئۆزارتىپ ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى ئۆلچىمى، ۋاگونغا قاچىلاش ۋاقتى 3.5 سائەتتىن 4.5 سائەتكە ئۇزارتىلدى، يۈك چۈشۈرۈش ۋاقتى ئۈچ سائەتتىن تۆت سائەتكە ئۇزارتىلدى؛ قاچىلاش - چۈشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش مۇلازىمەت ھەققى ئۆلچىمى، 30% يۇقىرى ئۆرلىتىشتىن 15% يۇقىرى ئۆرلىتىشكە تەڭشەلدى؛ قوبۇل قىلىش، يەتكۈزۈش ھەققى ئۆلچىمى، پۈتۈن پويىز ئاساسىي مۇساپىسى ئون كىلومېتىرغا 15 يۈەن/توننىدىن 13 يۈەن/توننىغا تەڭشەلدى، ئاشقان ئاساسىي مۇساپىسى 0.8 يۈەن/ توننا كىلومېتىردىن 0.6 يۈەن/توننا كىلومېتىرغا تەڭشەلدى؛ قايتۇرۇپ كېلىش، يەتكۈزۈش ھەققى ئۆلچىمى، پۈتۈن پويىز توققۇز يۈەن/ پويىز كىلومېتىردىن 8.19 يۈەن/ پويىز كىلومېتىرغا تەڭشەلدى.

دۆلەتنىڭ قاتناش - تىرانسپورت كەسپى قوشۇلما قىممەت باج نىسبىتىنى 10%تىن 9%كە تۆۋەنلىتىش باج كېمەيتىش سىياسىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ماس قەدەمدە تۆمۈريول يۈك توشۇش ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ، كېمەيتىلگەن باج باج سوممىسىنى تەڭ سوممىدا ئىككىلەمچى كارخانىلارغا يەتكۈزدى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، تۆمۈريول تارماقلىرى يەنە تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەسى (مەخسۇس تۆمۈريولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ۋاكالىتەن تىجارەت قىلىش، ۋاكالىتەن ئاسراش، ئۆزى تەييارلىغان پاراۋۇز، يۈك پويىزىنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش مۇلازىمەت ھەققى قاتارلىقلارنى تۆۋەنلىتىپ، ئىجتىمائىي ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى يەنىمۇ تۆۋەنلەتتى.

# شىنجاڭ پورتى تۇنجى قېتىم ياۋروپادىن توڭلىتىلغان كالا گۆشى ئىمپورت قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ ئالاتاۋ، باقتۇ، قورغاس، جېمىنەيدىن ئىبارەت تۆت پورت گۆش تۈرلىرىنى چېگرادىن كىرگۈزۈشتە بەلگىلەنگەن پورت ئىجازىتىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا گۆش تۈرلىرىنى چېگرادىن كىرگۈزۈشتە بەلگىلەنگەن پورت يەتتىگە يەتكەن بولۇپ، شىنجاڭ پورتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشكەن.

ئىلگىرى ئالاتاۋ پورتى گۆش تۈردىكىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش شارائىتىنى ھازىرلىمىغان، كارخانىلار چەت ئەلدىن گۆش تۈردىكىلەرنى ئىمپورت قىلغاندا ئەۋرىشكىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سالاھىيىتى بار باشقا تەجرىبىخانىلارغا ئاپىرىپ تەكشۈرۈپ ئۆلچىتىدىغان بولغاچقا، ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈردىكىلەرنى ساقلاش ۋاقتى ئۇزىراپ، كارخانىلارنىڭ تەننەرخى ئېشىپ كېتەتتى. قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھازىر ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشكە بولىدىغان گۆش تۈرلىرىنىڭ تۈرى 38گە يېتىپ، ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈرلىرى بارلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تۈرلىرى بىلەن تولۇق قاپلىنىپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقارغان، ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈرلىرىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمى ئاشقان.

ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ تاموژنىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالاتاۋ پورتى تاموژنىسى كارخانىلارغا پۈتۈن مۇساپىلىك ياردەم بېرىش، يۆلەشنى يولغا قويۇپ، «بىر قېتىم مەلۇم قىلىش، بىر قېتىم تەكشۈرۈش، بىر قېتىم ئۆتكۈزۈش» ئەندىزىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تېزدىن تەكشۈرۈش، پىرىيوم - كارانتىن قىلىشنى يولغا قويۇپ، دەرھال مەلۇم قىلىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال ئۆتكۈزۈپ، تاموژنىدىن تېز ئۆتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئالاتاۋ پورتىدا گۆش تۈردىكىلەرنى ئىمپورت قىلىدىغان 40 نەچچە كارخانا ئەنگە ئېلىنغان.